## 10446 ـ ئىسلام دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى

### سۇئال

ئىسلام دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

لۇغەت ۋە قامۇسلارغا قارىسىڭىز ئىسلام دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ يىتىسىز.

ئىسلام كەلىمىسى: بويسۇنۇش، باش ئېگىش، تەسلىم بولۇش، بۇيرۇغۇچىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن ئېتىرازسىز يېنىش، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش، (قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق) بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش، ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۇقۇملارنى بىرىدۇ. شۇنداقلا، ئىسلام سۆزى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ بەلگىسىدۇر.

نىمە ئۈچۈن دىن "ئىسلام" دەپ ئاتىلىدۇ؟ دىيىلسە، يەر شارىدا بار بولغان بارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر شەخسكە نىسبەت بېرىلسۇن ياكى مەلۇم بىر ئۈممەتكە نىسبەت بېرىلسۇن ئوخشاشلا ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ناسارا دىنىنىڭ(خرىستىئان دىنى) ئاتىلىشى ناسارا دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان. بۇددىست(بوزى)دىنىنىڭ ئاتىلىشى ئۇ دىننى ئاشكارا قىلغۇچى(بوزا)نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. زەردۇشت دىنى زەرادەشتىيە دىگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، بۇ دىننى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىگە نىسبەت بىرىلگەن. شۇنىڭدەك يەھۇدىي دىنىمۇ بەنىئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى يەھۇزا قەبىلىسىدىن ئاشكارا بولغان بولۇپ، يەھۇدىيە ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئەمما ئىسلام دىنى بولسا مەلۇم بىر شەخسكە ياكى مەلۇم بىر ئۈممەتكە نىسبەت بېرىلمەستىن بەلكى بۇ سۆز "ئىسلام" كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاس سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىمدىن شۇ ئاشكارا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى مەلۇم بىرەر كىشى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنمىغانلىقى ياكى ئىنسانىيەت ئارىسىدىن مەلۇم بىرەر ئۈممەت ئۈچۈن خاس ئەمەسلىكى بەلكى بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى چېكىزىمىندىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىگەن سۈپەت بىلەن زىننەتلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەر بىر ئىنسان مەيلى ئىلگىرى ئۆتكەن بولسۇن ياكى ياشاۋاتقان بولسۇن مۇسۇلمان دىگەن ئىسىم بىلەن شەرەپلەندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك مەزكۇر سۈپەت بىلەن زىننەتلەنگەن ھەر بىر كىشى كەلگۈسىدىمۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.